# 13982 ـ بالىياتقۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋرىشكە ئالسا ئايالنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟.

**سۇئال**

روزىدار ئايال ھامىلدارلىق تەكشۈرتسە توغرا بولامدۇ؟ سېرتا بالىياتقۇنىڭ ئۈستىدىن ئەۋرىشكە ئالسا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھامىلدارلىق تەكشۈرۈش ۋە بالىياتقۇنىڭ ئۈستىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا  مەنى چىقىشقا ئىلىپ بارسا ئايالنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا شەھۋەت بولىدۇ، ئەمما شەھۋەتسىز پەقەتلا ئەۋرىشكە ئېلىش بولسا بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ، لېكىن ئۇنى كەچتە ئىپتاردىن كېيىنگە كېچىكتۈرسە ياخشى بولىدۇ.

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.